# ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كىچە-كۈندۈزلۈك يىراقلىققا سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كىچە-كۈندۈزلۈك يىراقلىققا سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. يەنە بىر ھەدىستە: مەھرەمسىز بىر كۈنلۈك سەپەرگە چىقمىسۇن، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاياللار بولسا شەھۋەت ۋە ئىنتىلىش ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇلار ئاجىز بولغانلىقتىن، ئەقلى كەمتۈك بولغانلىقتىن ئۆزىنى قوغداشقا قادىر بولالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئايال كىشى سەپەرگە چىققاندا، شەرىئەت ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھرەم بىرگە چىقىشى زورۇر دەپ قارىدى، مەھرەم بولغۇچى ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايدۇ ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلايدۇ. شەرىئەت يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. شەرىئەت ئۇ ئايالنىڭ ئىمانىنى شەرت قىلىپ، ئەگەردە ئۇ ئايال شۇ ئىمان بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئىمانىنىڭ تەلپىي بويىچە ماڭىدىغان بولسا، مەھرەمسىز سەپەر قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4521

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee